شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى (ئىلمىي ژورنال)

1985-يىل 9-سان،

# شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتى

ۋاڭ ۋېنخاڭ

ئېلىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىۋاتقان يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىرلىكسەپنىڭ فاڭجېن - ۋەزىپىسى ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچكى - تاشقى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، تېچ - ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىيەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، تەيۋەننى ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشتۇر. بىرلىكسەپنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن بۇ فاڭجېن - ۋەزىپىسى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي چېگرىسىغا جايلاشقان. يەر كۆلىمى مەملىكىتىمىز زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. تەبىئىي شەرت - شارائىتى ئەۋزەل، ماددىي بايلىقى مول بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە يەنىمۇ ئېچىپ - گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك گۆھەر جاي.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە يەك ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. مەركەزدىكى خۇياۋباڭ، جاۋزىياڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار 1983 - يىلى شىنجاڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا بىر قاتار ئىنتايىن مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، شىنجاڭنى 21 - ئەسىردە ئېلىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى بىر مۇھىم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا پارتىيە ئىچى، سىرتى بويىچە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىدىغان بۈيۈك ئىستراتېگىيىلىك نىشان. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياخشى ئاساس يارىتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 2000 - يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاپ، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىدىن يۇقۇرىراق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار قاتارغا كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتىن ئىبار

رەت. مۇشۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، بىرلىكسەپ خىزمىتى «تەسلىمچىلىك»، «شىۋ-
جىڭجۈيى» دەپ قارىلانغان، ئاپتونوم رايونىمىز ئېغىر ئاپەت رايونى بولغان ئىدى.
پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قالايى-
مىقانچىلىقلار تۈگىتىلدى، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى تازىلاندى، شىنجاڭنى ئالغاندا،
پارتىيە ئىچىدە بارغانسېرى كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ
خاراكتېرى ۋە فاكتىپىن، ۋەزىپىلىرىگە، بىرلىكسەپنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىدىكى رولىغا بولغان تونۇشى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ،
لېكىن بۇ جەھەتتىكى مەسىلە پۈتۈنلەي ھەل بولغىنى يوق. بىر قىسىم يولداشلارنىڭ
تونۇشى يەنىلا روشەن ئەمەس، ھەتتا بىرلىكسەپنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشى بىلەن ئانچە زور مۇناسىۋىتى يوقتەك، خاتا ھالدا ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغان،
بۇرژۇئازىيە يوقىتىلغان شارائىتتا، بىرلىكسەپمۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، دەپ قارىماقتا،
بۇنداق تونۇش ئىنتايىن زىيانلىق.

بىرلىكسەپ ئېلىمىزدە دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى بىر
مۇھىم ئەڭگۈشتەر بولغىنىدەك، ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىمۇ
بىر مۇھىم ئەڭگۈشتەر. يولداش ماۋزېدۇڭ 1956 - يىلى 4 - ئايدا «10 چوڭ مۇناسى-
ۋەت ھەققىدە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە: «پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، مەملىكەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى، بىۋاسىتە، ۋاستىلىق ئاكتىپ ئامىللارنى
پۈتۈنلەي ئىشقا سېلىپ، دۆلىتىمىزنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا
تىرىشىشىمىز لازىم» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۆتمۈشتە، خەلق دېموكراتىيە
ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن، پارتىيىمىز كەڭ بىرلىكسەپ ئۇيۇشتۇرغان؛ ھازىرقى
باسقۇچتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كەڭ
بىرلىكسەپ ئۇيۇشتۇرۇش تېخىمۇ زۆرۈر.

شىنجاڭنىڭ 1949 - يىلى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنىشىمۇ پارتىيىنىڭ بىرلىك-
سەپ سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات،
ھەر خىل سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا، شىنجاڭدىكى بىرلىك-
سەپ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى، ھەم ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى
يەنىمۇ جارى قىلدۇردى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، شىنجاڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكىگە
ئوخشاش ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسات جانلاندۇرۇلدى، سىرتقا قارىتا ئىشىك ئېچىۋېتىلى-
دى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىسلاھ قىلىنىدۇ. شىنجاڭنى ئېچىش-
گۈللەندۈرۈش ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپە. بۇ تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن

بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كەڭ ئىشچى - دېھقانلارنى ئىشقا سېلىش بىلەنلا قالماي، زىيالىلار ۋە باشقا ھەر قاتلام كىشىلىرىنىمۇ ئىشقا سېلىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىش بىلەنلا قالماي، مەملىكىتىمىز سىرتىدىكى ئاكتىپ ئامىللار-نىمۇ ئىشقا سېلىپ، كەڭ بىرلىكسەپ ئۇيۇشتۇرۇش لازىم. بۇنداق بىرلىكسەپ بولمىغاندا، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. بىرلىكسەپ شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتىمۇ مۇھىم بىر ئەڭگۈشتەر.

1

شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش پەن - تېخنىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، پەن - تېخنىكىنى ئىگىلىگەن زىيالىلاردىن ئايرىلالمايدۇ.

شىنجاڭدا ھازىر 323 مىڭ 400 دىن ئارتۇق ھەرخىل كەسپىي تېخنىك كادىر بار، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىسىز كادىر تەخمىنەن 85%نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار سانائەت، قاتناش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، مالىيە - سودا، مەدەنىيەت - مائارىپ، تېبابەت ساقلىقنى ساقلاش، سىياسىي - قانۇن قاتارلىق سەپلەرگە تارقالغان؛ ئۇن جەھەتتىكى بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتلىرى ئىچىدە زىيالىلارنىڭ سالمىغى نىسبەتەن زور. پارتىيىسىز زىيالىي كادىرلار ئىچىدە ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىقلار تەخمىنەن 44% نى. يۇقۇرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار تەخمىنەن 60% نى تەشكىل قىلىدۇ. پارتىيىسىز زىيالىي كادىرلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بولۇپمۇ پارتىيىسىز ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە يۇقۇرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىي كادىرلارغا بولغان بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرلىكسەپنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ئوبيېكتلىرى ئىچىدىكى ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق، يۇقۇرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىي كادىرلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپ-لىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - قابىلىيىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تەقدىم قىلدۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيىسىز ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە يۇقۇرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىيلار خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىش كۈنى تەرتىۋىگە قويغان - قويمىغانلىق بىرلىكسەپ خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-لۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىغا يۆتكىگەن - يۆتكىمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىدۇر. شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيىسىز

ياشايىغان، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىيلارغا قارىتىلغان بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپە.

پارتىيىسىز ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك زىيالىي كادىرلارغا قارىتىلغان بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى ئۇ بارلىق پارتىيىسىز زىيالىي كادىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ۋە ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشىگە تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق. نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، پارتىيىسىز ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىي كادىرلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەك، چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇن پارتىيىسىز ياشانغان زىيالىي كادىرلار خىزمىتىگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىلگەن، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، پارتىيىسىز ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىي كادىرلار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولمىغان. پارتىيىسىز ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىي كادىرلار، ئومۇمەن ئالغاندا، بىر قەدەر يۇقىرى كەسپىي نەزەرىيە بىلىمىگە، شۇنىڭدەك كۆپرەك ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە، مۇتلەق كۆپچىلىكى كەسپچانلىقى كۈچلۈك، كۆپ ئىقتىدارلىق. ھازىر ئۇلار ھەر قايسى سەپلەردىكى تايانچ كۈچ بولۇپ، پەن-تېخنىكا خىزمىتى جەھەتتە يۇقىرىدىكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش، تۆۋەندىكىلەرگە يول ئېچىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالماقتا. لېكىن ئۇلار بىرىنچىدىن، پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلىقى، ئىككىنچىدىن، ياشانمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، كۆپ ھاللاردا سىياسىي جەھەتتە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ. بۇلاردىن بىر مۇنچىلىرىنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرى ياشانغانلار، ئۆزىدىن تۆۋەن كىچىكلەر بولغاچقا، ئىقتىسادىي، روھىي جەھەتتىكى بېسىمى ئېغىرراق، خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قىيىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا بىۋاستە تەسىر يېتىۋاتىدۇ. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، ھازىرمۇ پارتىيە ئىچى ۋە جەمئىيەتتە يەنىلا بەزى ئادەملەردە زىيالىيلارغا قارىتا بىر خىل بىر تەرەپلىمە قاراش ئەھۋالى مەۋجۇت، ھەتتا ئۇلارنىڭ دانالىقىدىن ھەسەت قىلىدۇ، قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىدۇ، كەمسىتىپ چەتكە قېقىۋاتىدۇ، بېسىم بىلەن زەربە بېرىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ پارتىيىسىز ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلار بىرىنچى بولۇپ ئۈچۈقلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى دەل «سول» چىل ئىدىيىنىڭ زىيالىيلار مەسىلىسىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى. بۇنداق خاتا ئىدىيە ۋە قىلمىشلار ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىلمىسە، زىيالىي كادىرلارنىڭ چەكلىنىۋاتقان ئاكتىپلىقى ۋە كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

بىلىمگە ۋە زىيالىيلارغا سەل قاراشتىكى مۇھىم سەۋەپلەردىن بىرى بىلىمنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى غايەت زور ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكتۇر. ماركس ئىجتىمائى پەن تەتقىقاتىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەنلا قالماي، تەبىئى پەن تەرەققىياتىغىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن، پەن - تېخنىكا — ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىغا يۇكسەك باھا بەرگەن. كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن بىلىم ۋە زىيالىي كېرەك، يېڭى دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن بىلىم ۋە زىيالىي تېخىمۇ كېرەك. بىلىم ۋە زىيالىي بولمىغان بولسا، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بولمايتتى، زامانىمىزدىكى خەلقارا كوممۇنىزم ھەركىتى ۋە ھازىرقى سوتسىيالىستىك جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى. بىلىم ۋە زىيالىي تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇتلەق زۆرۈر بولغان ئەقلىي كۈچ ئامىلى، قىممەتلىك بايلىق يارىتىدىغان قىممەتلىك بايلىق. تارىخىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان. سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش جەريانىدا بىلىم ۋە زىيالىي تېخىمۇ زۆرۈر. 2000 - يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئاچقۇچ پەن - تېخنىكىنى تېز يۇكسەلدۈرۈش. دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىن ئالغاندا، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى مول، بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ زور، تېرىلغۇ يەر ۋە ئوتلاق كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بار، يەنە نۇر ۋە شامال قۇۋۋىتىدىن پايدىلىنىپ، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. ھازىر توغرا سىياسەت بار، پەن - تېخنىكا يۇكسەلدۈرۈلسىلا، دېخانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى پۇختا قەدەمدە ئاشۇرۇشنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ نېفىت ئىستىقبالى ياخشى، قېزىپ تەكشۈرۈشتە ئىلغار ئۇسكۇنە ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن 1983 - ۋە 1984 - ئىككى يىل ئىچىدە ئېرىشكەن نېفىت گېئولوگىك زاپىسى ئۆتكەن 32 يىل جەريانىدا قېزىپ تەكشۈرۈپ ئېرىشكەن نېفىت گېئولوگىك زاپىسىنىڭ يىغىندىسىدىن 1.5 ھەسسە ئارتۇق بولدى. مۇشۇنداق قېزىپ تەكشۈرۈش سۈرئىتى بويىچە داۋام قىلسا، شىنجاڭنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشقا زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. شىنجاڭنىڭ كەم ئۇچرايدىغان مېتال،

زەڭلىك مېتاللىرىنىڭمۇ مىقدارى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، كۆمۈر بايلىقى ھەم مول. ئىلغار تېخنىكا بىلەن قېزىپ تەكشۈرۈلسە ۋە ئېچىلسا، بۇمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشتا مۇھىم تۈۋرۈك بولىدۇ. بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت قاتارلىقلارمۇ ئىلغار پەن - تېخنىكىنى قوللىنىپ، بۇ جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. كۆپ مىقداردا ھەر خىل كەسپىي ئىختىساس ئىگەلىرىنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈشتىمۇ ھازىرقى پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان زىيالىيلارغا تايىنىش تېخىمۇ زۆرۈر. ئۆتمۈشتە بولسۇن، ھازىرقى ۋاقىتتا بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان، ئويناۋاتىدۇ ۋە ئوينايدۇ، بىلىمگە ۋە زىيالىيلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان توغرا ئىدىيىنى قەتئىي تىكلەپ، پارتىيىنىڭ زىيالىيلارغا قارىتىلغان سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە ئىشىنىش، خىزمەتتە دادىل ئىشلىتىش، تۇرمۇشتا ئېتىۋار بېرىش ھەم زامانىۋىي پەن - تېخنىكىنى ئىگىلىگەن زىيالىيلاردىن ئۆگىنىش لازىم.

پارتىيە ئىچىدە بەزى يولداشلار پارتىيىسىز زىيالىيلارنىڭ پىكرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەشكە ماھىر ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئىشىدا ئىگەشلىك رولىنى جارى قىلىشىغا بىۋاسىتە دەخلى يەتكۈزىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇرۇنلا بۇنداق خاتا ئىدىيىنى كەسكىن تەنقىت قىلغان. 1942 - يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ «پارتىيە ئۇسلۇبىنى تۈزىتەيلى» دېگەن ئەسىرىدە: «بىرمۇنچە يولداشلىرىمىز پارتىيە سىرتىدىكى كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا ئامراق، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇلارنى مەنسىتمەيدۇ، ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى چۈشىنىشنى بولسا خالىمايدۇ. مانا بۇلار مەزھەپچىلىك خاھىشى» دەپ كۆرسەتكەن. ماۋزېدۇڭ ۋە پارتىيىمىزنىڭ باشقا پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ۋە توغرا پىكرىنى كەسكىن قوبۇل قىلغان. ھازىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى زور مەسىلىلەرنى قارار قىلىش ۋاقتىدا، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋە پارتىيىسىز ئاتاغلىق زاتلارنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىۋاتىدۇ. خۇياۋباڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق مەركەزنىڭ رەھبىرىي يولداشلار ئۆزلىرى بىۋاسىتە يىغىندا ئۇلار بىلەن كېڭىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومۇ بەزى

زور مەسىلىلەردە پارتىيە سىرتىدىكى دوستلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ ئۆزلىرى بىۋاسىتە پارتىيە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە سىرتىدىكى دوستلارنىڭ بەرگەن پىكىرلىرى بولۇپمۇ شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش جەھەتتىكى تەكلىپلىرى بەكمۇ قىممەتلىك. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، پارتىيىسىز ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلار پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كەڭ بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ دۆلەت ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغان كۈچلۈك ئارزۇسى بار. نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا تۆھپە كۆرسەتكەن. پارتىيىنىڭ پارتىيىسىز زىيالىيلار بىلەن ئۇزۇنغىچە بىللە ئىشلەش پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە مەدەت بېرىپ، پىكىرلىرىنى ئاڭلىشىمىز ۋە ئۇلارغا قىزغىن ياردەم بېرىپ، «سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشىپ، شەرەپ - نومۇستا بىللە بولۇش» نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

ھازىر ئېلىمىزدىكى زىيالىيلار مەيلى كونا جەمئىيەتتىن كەلگەنلىرى بولسۇن ياكى يېڭى جەمئىيەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەنلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى، ھەممىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تايانچ كۈچ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پارتىيىسىز ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلار بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى. بەزى يولداشلار بۇنداق دېيىشنى خۇددى زىت گەپتەك ھېس قىلىدۇ، زىيالىيلار ئىچىدىمۇ بەزىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىرلىكسەپ ئوبيېكتى دېگەندە گويا تايانچ كۈچ ئەمەستەك ھېس قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزلىرىنى بۇرژۇئازىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويۇشتىن قورقىدۇ. بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى تۈپ پرىنسىپلىرىنى. بولۇپمۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ بىرلىكسەپ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت داۋلىنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى جەھەتتىن چوڭقۇر چۈشەنمىگەنلىكتىن ئىبارەت. ماركسىزم پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئازاتلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پرولېتارىيات بارلىق ئېزىلگۈچى خەلقلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، ئالدى بىلەن پرولېتارىياتنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم، دەپ قارايدۇ. 1922 - يىلى لېنىن كوممۇنىستلار ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدە كۆپ سانىنى ئىگىلەش ئۈچۈن بىرلىكسەپ تاكتىكىسىنى قوللىنىشى لازىملىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. ئېلىمىزدە ئىشچىلار سىنىپى رەھبىرىي سىنىپ ۋە تايانچ كۈچ بولسىمۇ، لېكىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەزالىرىنىڭ ئە-

ۋالى تامامەن ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. پارتىيىسىز زىيالى كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيىسىز ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق زىيالى كادىرلار ئادەتتىكى ئىشچىلار ئاممىسىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بەزى ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنى پارتىيىمىز خىزمىتىگە قارىتا ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتقا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ خىزمەت ئىشلەش ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: «سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ئارىسىدىمۇ بىرلىكسەپ بولىدۇ» غانلىغىنى كۆرسەتتى. بۇ ماركس-لېنىنىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىرلىكسەپ بولىدىغانلىغى توغرىسىدىكى نەزىرىيىسىنىڭ ئېلىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتىكى تارىخىي شارائىتتا كونكرېت قوللىنىلغانلىغى. ئېلىمىزدە يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىگىدىكى ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى ئاساس قىلىنغان پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئىنتايىن كەڭ سىياسى ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت. پارتىيىسىز ياشانغان، ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىلارنىڭ ھەم تايانچى كۈچ، ھەم بىرلىكسەپ ئوبيېكتى بولۇشى ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپنىڭ بىر ئالاھىدىلىگى. يېڭى دەۋردىكى بىرلىكسەپ سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيىلىكلەر بىلەن پارتىيىسىزلەرنىڭ پۈتۈنلەي يولداشلارچە بىر خىل مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت؛ پارتىيىسىز زىيالىلارغا قارىتا ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر خىل بىرلىكسەپ. بۇنداق مۇناسىۋەت پۈتۈنلەي ئىشىنىش ۋە ھۆرمەت قىلىش شەرتى ئاستىدا ئۆز ئارا ئالاقىلىشىش، زور مەسىلىلەر ئۈستىدە مەلۇم ئۇسۇل بىلەن كېڭىشىپ، ئۇلارنى زۆرۈر ئەھۋالنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ سىياسى، ئىدىيە جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشى ۋە كەسپىي تېخنىكا جەھەتتە ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىش، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەيدىغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. قىسقىسى، پارتىيىسىز ياشانغان ۋە ئوتتۇرا ياشلىق زىيالى كادىرلارنى بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتى قىلىشتىكى مەقسەت: تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارغا تېخىمۇ ئوبدان تايىنىپ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

2

شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۈزۈلغىچە تېچ؛

ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت سىياسى ۋەزىيەت بولۇشى لازىم. يولداش ماۋزېدۇڭ: «مەملى-
كەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىقى — ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دەپ
كۆرسەتكەن ئىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبىرى يولداشلارمۇ شىنجاڭنىڭ
خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، تىنچ - ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت سىياسى ۋەزىيەتنى
راۋاجلاندۇرۇش شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى
ۋە كاپالىتى ئىكەنلىكى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بولۇپمۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تەركىۋىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئازاتلىقتىن
بۇرۇنقى 13 مىللەتتىن كۆپىيىپ ھازىرقى 47 مىللەتكە يەتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ نوپۇسى 7،795،000 دىن كۆپرەك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمى نوپۇس
سانىنىڭ 59،6 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈك-
سىز كۈچەيتىش — تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت سىياسى ۋەزىيەتنى مۇستەھ-
كەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى
كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇقۇرى قاتلام مىللى زاتلار ۋە
دىنىي كەسپدىكىلەرنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ياخشى ئىشلەش
لازىم. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 16،000 دىن ئارتۇق ئاز-
سانلىق مىللەت يۇقۇرى قاتلام زاتلىرى ۋە دىنىي كەسپتىكىلەر بار. مۇشۇ بىر قىسىم
كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى بولۇپ، تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى
سۈرۈش، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەزى يولداشلىرىمىز مىللى يۇقۇرى قاتلام زاتلار ۋە دىنىي كەسپدىكىلەرنىڭ
جەمئىيەتتىكى تەسىرى ۋە رولىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمەيدۇ؛ ئۇلارنى ھازىرقى
زامان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگەللىمىگەن، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈل-
لەندۈرۈشتە ھېچقانچە رول ئوينىيالمايدۇ دەپ قارايدۇ. ياكى ئۇلارنىڭ ئامما ئىچىدى-
ھېچقانچە چوڭ تەسىرى يوق دەپ تونۇيدۇ. بۇ خىل تونۇشلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن
ئەمەس. شۇنى كۆرۈۋېلىش كېرەككى، ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر دىنىي مەز-
ھەبلەردە ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان، مەلۇم رايون دائىرىسىدە ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە
سازاۋەر بولغان، ۋەكىل خاراكتېردىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تەبىئى ھالدا شەكىللەنگەن. ئۇلا-
گەرچە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگەللىمىگەن، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇ-

لۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بىۋاسىتە رولى چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆز
ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاممىا ئىچىدىكى تەسىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتە ۋاسىتىلىق ھالدا مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى،
ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىللىق خىزمەتلىرىمىز ئارقىلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ
كەڭ ئاممىا ئىچىدىكى ئىناۋىتى زور دەرىجىدە ئۆستى ھەمدە تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق
زور بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار يېتىشتۈرۈلۈپ، ھەر قايسى سەپلەردىكى
تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ، ۋەتەنپەرۋەر مىللىي يۇقىرى قاتلام
زاتلار ۋە دىنىي كەسپىتكىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا
ئوينايدىغان ئاكتىپ رولى كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاممىا ئىچىدە يەنىلا چوڭقۇر
تەسىرى بار. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز ئۇزۇندىن بۇيان ئۇلارغا ئۇنۇملۇك ھالدا ئىتتىپ-
پاقلىق تەربىيىسى خىزمىتى ئىشلەپ بارغانلىقتىن، ئۇلار ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرىدىكى
زاتلار ئايرىم ھالدا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى
ياكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى،
ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلارغا مۇۋاپىق ياردەم پۇل بېرىلدى،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە
ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى كومپارتىيىنىڭ رەھبەر-
لىكىنى ھىمايە قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ۋەتەننى سۆيىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر پارتىيىنىڭ
تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ماسلىشىش جەھەتتە، ئىشلەپچى-
قىرىش - قۇرۇلۇش جەھەتتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش
جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. ھەتتا زور تۆھپە قوشتى، بىر نەچچە يىل بۇرۇن،
شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان مىللەت ئەزالىرى ياكى دىنىي مەز-
ھەپلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بەرگەن ئىدى. شۇ جايدىكى ۋەتەنپەرۋەر
مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىز-
مىتىگە پائال ھەمكارلاشتى. ئۇلار چوڭ نا ھەقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ،
مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۇنى ھەل قىلىپ، ئىشنىڭ چوڭىيىپ
كېتىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن
مۇھىم رول ئوينىدى. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1981 -
يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەلۇم بىر جايدا بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار
بەزى كىشىلەرنى قۇترىتىپ مەلۇم مىقتاردا قورال - ياراق، ئوق - دورا بۇلاپ ئال-
غان ھەمدە توپىلاڭ قىلىشنى قەستلىگەن، بىز تەرەپتىن سېزىۋېلىنغاندىن كېيىن
ئورمانلىقتا يوشۇرۇنىۋالغان. بىزنىڭ ھەربىي قورشاۋ ۋە سىياسىي ھۇجۇم

يۈرگۈزۈشىمىز نەتىجىسىدە، 5 - 6 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار شۇجايدىكى بىرلىكسەپ خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق ئورمانلىققا كىرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىناۋىتى ۋە مۇناسىۋەتلىرىگە تايىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ماجىراغا قاتناشقانلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەندىشىسى تۈگەپ، نەسىھەت بىلەن تەسلىم قىلىش ئەمەلگە ئېشىپ، بىر پاي ئوق چىقارماي، بىر تامچە قان ئاقتۇرماي، بۇ ۋەقە بېسىقتۇرۇلغان. يۇقۇرقىلار يېتەرلىك ھالدا شۇنى ئىسپاتلايدۇكى: مەلۇم شارائىتتا، ۋەتەنپەرۋەر مىللىي يۇقۇرى قاتلام زاتلار ۋە دىنىي يۇقۇرى قاتلام زاتلارنىڭ ئاممىغا بولغان تەسىرى ھامان ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇنداق پەۋقۇلئاددە رولنى ئويناش بىز كوممۇنىستلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مىللىي يۇقۇرى قاتلام زاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلار ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە چامى يەتكىنىچە دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچە ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىق، چارۋا ماللىرى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، ئىقتىسادىي كىرىمى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. بەزىلىرى ناھىيە، يېزىلار بويىچە ئەمگەك بىلەن بېيىغان ئۈلگىلەردىن بولۇپ قالدى. مەسىلەن، كېرىيە ناھىيىسىدىكى دىنىي ساھەدىكى زاتلاردىن كېسەل بولۇپ قالغان بىر كىشىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەھسۇلاتى ئېشىپ، مول - ھوسۇل ئالغان. ناھىيە دەرىجىلىك 14 نەپەر دىنىي ساھەدىكى زاتلاردىن 8 كىشى ناھىيىلىك ياكى يېزىلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ ھىساپلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە 4 كىشىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئائىلە بويىچە ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقى 10 مىڭ جىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان بىر نەپەر دىنىي ساھەدىكى زاتنىڭ ئائىلىسىدە 12 جان ئادەم بولۇپ، 1983 - يىلىدا 82 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 63 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق تاۋار ئاشلىق سېتىپ بېرىپ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بولۇپ قالغان. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى: مىللىي يۇقۇرى قاتلام زاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى جەريانىدا ئوينايدىغان رولى ھەمدە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى جەزمەن يېتەرلىك مۆلچەرلىشىمىز لازىم. بىز سەممىي نىيەتتە مىللىي يۇقۇرى قاتلام زاتلار ۋە دىنىي زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىز، ئۇلارغا تەربىيە بېرىشىمىز، ئۇلارغا قارىتىلغان سىياسەتنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئادەم ياخشى ئىشلارنى قوللىشىمىز ۋە تەقدىرلىشىمىز، ئۇلارنى سىياسىي جەھەتتە ئۆزلۈكسىز ئالغا بېسىشقا يېتەكلەپ ھەمدە ئۆز رازىلىقى ئاساسىدا پەن - تېخنىكا بىلىملىرى تەشۋىقاتى

نى قوبۇل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئامما ئارىسىدىكى تەسىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

شىنجاڭ — دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئامما نىسبەتەن كۆپ بىر جاي. ئىسلام دىنى شىنجاڭدا مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق 10 ئازسانلىق مىللەتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بۇ دىنغا ئېتىقات قىلىدۇ. بۇددا دىنى (لامادىنى) نىڭ شىنجاڭغا تارقالغان ۋاقتى تېخىمۇ بۇرۇن بولۇپ، موڭغۇل، زاڭزۇلار ئاممىسى بۇ دىنغا ئېتىقات قىلىدۇ. رۇس مىللىتىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئامما ئورتودوكسىيە (دۇڭجېڭ) دىنغا ئېتىقات قىلىدۇ. دىننىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئىچىدىكى تەسىرى يەنىلا كەڭ ۋە چوڭقۇر. خەنزۇلار ئاممىسى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا كاتولىك دىنى، خىرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقات قىلىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، دىننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سىنىپىي مەنبەسى ئاساسىي جەھەتتىن يوقالدى. بىراق، كونا ئىدىيە، كونا ئادەتلەرنىڭ تەسىرىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۈزۈل - كېسىل يوقۇتۇش مۇمكىن ئەمەس. ئېغىر ھالەتتىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر كەلتۈرىدىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلاردىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆسۈشى ۋە مەدەنىيەت، پەن، تېخنىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن نىسبەتەن ئۇزۇن كۈرەش جەريانى كېرەك. مەلۇم دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە مۇرەككەپ خەلقارا مۇھىتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېساپقا ئالغاندا، دىننىڭ خېلىلا بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرى مۇقەررەر ھالدا ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى (لاما دىنى)، كاتولىك دىنى، خىرىستىيان دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسىلا دۇنياۋىي خاراكتېرلىك دىنلار بولۇپ، ئوخشاشلا خەلقارالىققا ئىگە. دىنىي جەھەتتىكى خەلقارا بېرىش - كېلىشلەر — دۆلىتىمىز خەلق دىپلوماتىيىسىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر تەرىپى، شۇنداقلا بىرلىكسەپنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى، دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا دىنىي جەھەتتىكى خەلقارالىق بېرىش - كېلىشلەر مۇقەررەر يۈسۈندا كۈنسايىن كۆپىيىدۇ. بىز دىنىي شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، خەلقارا بىرلىكسەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي

ئەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ دوستلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزغا ياردەم بېرىشىگە ئېرىشىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. دىنىي جەھەتتىكى خەلق دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بۇ بىزدىن دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك تەربىيىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەم ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەللەشتۈرۈپ، دىنىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغانلار، بۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئۇ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 3

بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خەلق سىياسىي كېڭەشلىرى، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ۋە باشقا بىرلىكسەپ تەشكىللىرىدىكى ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا شىنجاڭدا ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق سىياسىي كېڭەشلىرى قۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ خىزمەتلىرى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنغان ئىدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن نىسبەتەن تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. كۆپ يىللار مابەينىدە تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر يارىتىلدى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سىياسىي كېڭىشى قەرەللىك ھالدا دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، پەن - تېخنىكا، ئىقتىسات، مەدەنىي - مائارىپ، داۋالاش - سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تېخنىكا ئۆگىتىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى. بۇ مۇتەخەسسىس، ئالىملارمۇ ئەمەلىيەت ئارقىلىق

ئۆز بىلىمىنى سىڭدى ۋە بېيىتتى، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى ئۈزۈل-كېسىل تازىلانمىغاچقا، بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولماي ۋاتىدۇ. ئۇلار، سىياسىي كېڭەش دېگەن كېڭىشىدىغان ئورگان، بىرەر مەسىلە توغرىسىدا قارار چىقىرالمايدۇ، ئەمەلىي ئەھمىيىتى ئانچە چوڭ ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل تونۇش خاتا. خەلق سىياسىي كېڭىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىشىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم شەكلى، ئۇ جۇڭگوچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سىياسىي ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى، كۆلىمى ناھايىتى زور، ۋەكىلچانلىقى ناھايىتى كەڭ بولغان بىرلىكسەپ تەشكىلاتى. ئەمەلىي خىزمەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، خەلق سىياسىي كېڭىشى ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك بىرلىكسەپ پائالىيىتىنىڭ باش شتابى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. خەلق سىياسىي كېڭىشىگە پارتىيە ئىچى - سىرتى، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىختىساسلىق خادىملار، جۈملىدىن نۇرغۇنلىغان ئاتاغلىق مۇتەخەسسىس، ئالىملار جەم بولغان. سىياسىي كېڭەش ئۇلارنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىشكە ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرىدىغانلا بولسا، ھەقىقىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئەقىل كۆرسىتىش ئۆمىكى بولۇپ قالىدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئىنكاس قىلىش ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلق سىياسىي كېڭىشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈكى ۋە ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر سىياسىي كېڭەشنى «قېرىلار ساناتورىيىسى» دەپ ئاتىۋالغان، بۇ ئىنتايىن خاتا. خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىغا پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ياشانغانراق يولداشلارنى سەپلىگەنلىك، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇلارغا ئىشەنگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نام - ئابرويى، تەجرىبىسى ۋە تەسىرى ئارقىلىق پارتىيە سىرتىدىكى دوستلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدۇ. بۇنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش — شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقىمۇ پايدىلىق.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملار مەركەزلەشكەن. ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار ۋە

سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ خىزمىتى قانچە ياخشى ئىشلەنسە، ئۇلار بىلەن ئالاقىدار بولغان ئىختىساسلىق خادىملارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ. پارتىيىمىز ئىچىدە ۋە جەمئىيەتتە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خاراكتېرى، رولىغا بولغان تونۇشى يېتەرسىز بىر قىسىم كىشىلەر يەنىلا مەۋجۇت. بەزىلەر ھەتتا خاتا ھالدا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنى بۇرژۇئازىيە بىلەن چېتىپ قويىدۇ. بۇ خىل تونۇشلار بىۋاستە ھالدا دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ئەزالىرىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. بۇنداق خاتا تونۇشلارنى جەزمەن ئۈزۈل - كېسىل تۈزۈتىشىمىز لازىم. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى پارتىيە - گۇرۇھلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ھەممە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان شەرەپلىك تارىخقا ئىگە. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسى مىللىي بۇرژۇئازىيە، شەھەر يۇقىرى قاتلام ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى ئىدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ۋە سىياسىي قىياپىتىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ھەر قايسىسى ئۆزىگە ئالاقىدار بىر قىسىم سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ سىياسىي بىرلەشمىسىگە ئايلاندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي كۈچ. كۆپ پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي شارائىتى بەلگىلىگەن بولۇپ، مەملىكىتىمىز خەلقلىرىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى زور بىر ئالاھىدىلىك؛ «ئۇزۇنغىچە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، كۆڭلى كۆكسىدىكىنى ئۆزئارا بىلىشىش، ھوزۇر - ھالاۋەت، جاپا - مۇشاقەتنى تەڭ كۆرۈش» تىن ئىبارەت فاڭجېن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەتىنىمىزنى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن بىرلىكتە گۈللەنگەن، ئاۋات سوتسىيالىستىك ۋەتەن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن جەزمەن دېموكراتىك ھەمكارلىقنى ئۇزۇنغىچە يولغا قويۇشتىكى قەتئىي نىيىتىنى ۋە ھالاۋەتنىمۇ، جاپانىمۇ تەڭ كۆرۈشتەك يولداشلارچە يېقىن مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلاۋىي

كومىتېتى، 3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو دېموكراتىزمىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، جۇڭگو دېموكراتىزىملىق دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى، جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى قاتارلىق دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى تەشكىلاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلدى. ئەقىل - پاراسەت ئارقىلىق چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش، مەكتەپ ئېچىش، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى. جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە كۈنلۈن ئۇنىۋېرسىتېتى، تېيانشان تېخنىكومى، «جۇڭگو لوگىكا ۋە تىل سىرتتىن ئوقۇش ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئۈرۈمچى فۇداۋ قىلىپ بېرىش پونكىتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، 3200 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى «ئۈرۈمچى جۇڭشەن ئىجتىمائىي مۇلازىمەت شىركىتى» نى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالدى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىسسىنىش ئۈسكۈنىلىرى خادىملىرى، تېخنىك ئىشچىلار ۋە مالىيە - بوغالتىر خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەزالىرى 370 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغنى ئۆزلىرى توپلاپ، ۋەتەننى سۆيۈش - قۇرۇلۇش مۇلازىمەت شىركىتى قۇردى ھەمدە كىيىم - تىكىش، جۇڭيىچە دورا - دەرمەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە بوغالتىرلار، پەركازچىكلارنى مەخسۇس تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار تەشكىللىرى يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىچكىرىدىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىلمىي دوكلات بېرىش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە تېخنىكا يېتەكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلدى ۋە شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ھەققىدە نۇرغۇنلىغان پايدىلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ ئالاقە دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاكتىپ رولىنى جەزمەن يېتەرلىك مۆلچەرلىشىمىز ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش قەدىمىمىزنى تېزلىتىش ئۈچۈن، مەملىكەت

ئىچىدىكى بارلىق كۈچلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەت سىرتىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ياردىمىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئىچكى قىسىمدىكى بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماستىن، خەلقارا بىرلىكسەپ خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز. زور كۈچ بىلەن مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈشىمىز لازىم.

شىنجاڭدىن ئازاتلىقتىن بۇرۇن ۋە ئازاتلىقتىن كېيىن چىقىپ كېتىپ، 40 نەچچە دۆلەت ۋە رايونلاردا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقانلار 300 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقانلار 200 مىڭدىن ئارتۇق، پاكىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە تۇرۇۋاتقانلار 70-80 مىڭغا يېتىدۇ. يەنە شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدە تۇرۇۋاتقانلارمۇ بار. شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتى خىزمەت مىقدارى ۋە مۇھىملىقى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا، مەملىكەت بويىچە 5-ئورۇندا تۇرىدۇ. چەتئەلدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ 30% نى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنى، يۇرتىنى سېغىنىدۇ. 70% ئادەم ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تۇرغان جايلىرىغا نىسبەتەن يەنىلا چوڭقۇر مۇھەببىتى بار. مەيلى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ياكى جۇڭگولۇقلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇتلەق كۆپ سالدىكى كىشىلەر ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنىڭ تېزلىك بىلەن كۈچىيىشى، بېيىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ، ھەسسە قوشۇشنى خالايدۇ. شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن، مەبلەغنى قانداق ھەل قىلىش بىر چوڭ مەسىلە. دۆلەتنىڭ قوللىشى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش بىلەن مەبلەغ توپلاشتىن باشقا، جەمئىيەتتىكى مەبلەغنىمۇ ئىمكان قەدەر قوبۇل قىلىش ھەمدە چەتئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنىمۇ كىرگۈزۈشىمىز لازىم. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى كاپىتالغا، تېخنىكىغا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە. شىنجاڭدىن غەربىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلاردىن نۇرغۇنلىرى سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ياكى زاۋۇتلارنى ئاچقان. بەزىلىرى مەلۇم ئىقتىسادىي كۈچكە ياكى پەن-تېخنىكا كەسپىي بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى ئويلايدۇ. بۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈنمۇ

پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاجىرلارنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى ۋە ئىختىساسلىق خادىملىرىنى كىرگۈزۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى زور. لېكىن، ئۇلار ئىچىدىكى بەزىلىرىنىڭ يەنىلا ئىدىيىۋى ئەندىشىسى بولۇپ، سىياسىتىمىزنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ياكى قامىلاشماي قالسا زىيان تارتىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. بىز تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارغا پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، ئۆز خىزمىتىمىزنى پائال ياخشىلاپ، مۇھاجىرلاردىن مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىشىمىز لازىم. شىنجاڭدا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلاردىن تەخمىنەن 6000 كىشى، مۇھاجىرلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار. ئۇلارنىڭ چەتئەللەرگە تۇققان يوقلاپ چىقىش ياكى چەتئەلدىكى ئۇرۇق - تۇققانلىرىنى ۋەتەنگە قايتىپ ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولىدۇ. ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىرى خېلى باي بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پايدىلىق بەزى ئىشلارنى قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. پارتىيىمىز ئىچىدىكى بەزى يولداشلارنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىگە بولغان توغرا تونۇشى كەم، ئۇلار تەھلىل قىلمايلا ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى «چەتئەل بىلەن ئالاقىسى بار»، يېقىنلىشىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى كەمسىتىدۇ. ۋەتەنگە قايتىپ زىيارەت قىلىش ياكى تۇققان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن بەزى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىگىمۇ تولۇق ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ دەل «سول» ئىدىيىنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتى جەھەتتىكى ئىنكاسى بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىزچىل يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا خىلاپ ھەمدە بۇرۇنلا تەنقىت قىلىنغان. شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدۇ، ۋەتەننىڭ ۋە يۇرتنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدۇ. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆز ۋەتىنى ۋە يۇرتىنى سۆيىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە - ئىغۋاسى تۈپەيلىدىن، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر شىنجاڭ ئازات بولغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى زور ئۆزگىرىشلەر ۋە پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تازا چۈشەنمىگەن، ھەتتا خاتا تونۇشتا بولغان. قايتىپ كەلگەنلەرمۇ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھەقىقىي

ئەھۋالى ۋە پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى چۈشىنىپ بېلىشنى ئويلايدۇ. كۈتۈۋېلىش خىزمىتى — سىياسى خىزمەت، كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسەك، ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرگە قايتقاندىن كېيىن، بىز ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەشۋىق قىلىپ بېرىدۇ. بۇ — چەتئەللەردىكى يەنىمۇ كۆپ دوستلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئىشىمىزغا ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق.

شىنجاڭدىن چەتئەللەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرى، كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان دۆلەت ۋە رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش - ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق. شىنجاڭدىن چەتئەلگە قېچىپ كەتكەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى ئۈنسۇرلارنىڭ ۋەتەن بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىز جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگو-لۇقلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەنىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بولغان ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جاھىل ئەكسىيەتچى ئۈنسۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇشىمىز، بۆلۈۋېتىشىمىز ۋە پارچىلاپ تاشلىشىمىز لازىم.

شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان 11 مىڭدىن ئارتۇق سابىق ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپلىرىنىڭ تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھەربىي مەمۇرىي خادىملىرى بىلەن مەلۇم ئالاقىسى بار. شىنجاڭدا تەيۋەنلىك قېرىنداشلاردىن 600 دىن ئارتۇقى، تەيۋەنلىك ئائىلە - تەۋەلەردىن و مىڭدىن ئارتۇق كىشى بار، بۇلارنىڭ تەيۋەن بىلەن بولغان ئالاقىسى تېخىمۇ بىۋاسىتە. بۇ ئىككى قىسىم كىشىلەرگە قارىتىلغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە تېچ بولۇش - ئىتتىپاق بولۇشتا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەيۋەننىڭ بالدۇراق ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

نەزىرىيەمۇ، ئەمەلىيەتمۇ بىرلىكسەپنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش-گۈللەندۈرۈش بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش بىرلىكسەپتىن ئايرىلالمايدۇ. بىرلىكسەپ شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. بىرلىكسەپ شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بىرلىكسەپنىڭ ئۆزىمۇ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كەڭ، چوڭ-

قۇر تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، بىرلىكسەپ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيـ لەشتۈرۈپ، ھەر خىل بىرلىكسەپ تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىكى ئۈستۈنـ لۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سالغاندىلا بىرلىكسەپ شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا بارغانسېرى ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

مەھەممەت تۇرسۇن تەرجىمىسى